# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتتە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كەسىپ زەنجىرىدىكى تەمنات زەنجىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا پائال ئىلگىرىلەپ، ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك؛ ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، مەركەز يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىقارغان بىر يۈرۈش ماكرولۇق سىياسەتلەرنى تولۇق، ياخشى ئىشلىتىپ، سىياسەتنى توغرا نىشانلاپ تۈرنى كۆزلەپ، ھەقىقىي تۈردە بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاپ، بىر تۈركۈمنى زاپاس تەييارلاپ، بىر تۈركۈمنى پىلانلاپ، ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك؛ ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئاھالىلەر ئىستېمالىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، ئەمەلىي ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، توردىكى يېڭى تىپتىكى ئىستېمالنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي بۇيۇم ئىستېمالى ۋە مۇلازىمەت ئىستېمالىنىڭ تولۇقلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك؛ سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، توردا ئالاقىلىشىش، سودىلىشىش، سودا توختامى ئىمزالاش قاتارلىق شەكىللەردىن ياخشى پايدىلىنىپ سودا ئىشلىرى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، تاشقى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىش كېرەك؛ سالماقنى زورايتىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەر، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، مۇھىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە بۇيۇملىرىنى ئوبوروت قىلىشقا تەشكىللەش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىلنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سودا - تىجارەت مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر خىل بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغاش كېرەك؛ مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، «غورىگىل كۈن كەچۈرۈش» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەشنى قاتتىق چىڭ تۇتۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زايومىنى ياخشى ئىشلىتىپ، مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلىي ئىقتىسادنى قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشان - ئۆلچىمىنى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋئۇسكا ئېبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەسىلىلەرنى قاتتىق، ئەمەلىي تۈزىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەت قىلىپ ئۆلچەپ ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدىكى ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مەن جۇڭگو - زىمبابۋې مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ مىنانگاگۋا بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىمبابۋېنىڭ «2030 - يىل ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن زىچ ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆزئارا قوللاشنى خالايمەن. ھازىر، جۇڭگو تەرەپ زىمبابۋې تەرەپ بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى خالايدۇ.

مىنانگاگۋا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن 40 يىلنى ئەسلىسەك، سەمىمىي بولۇش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش زىمبابۋې - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولدى. زىمبابۋې بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىغا پائال قاتناشتى. زىمبابۋې تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا داۋاملىق قەتئىي تۈرتكە بولىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن سىنىقى ئالدىدا، زىمبابۋې تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - پەسلىدە شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1482 قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.39% كۆپەيگەن.

1 - پەسلىدە، 1 مىليون 24 مىڭ 200 توننا مال جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىغا بېسىلىپ شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىقىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45.09% ئاشتى. شىنجاڭدىكى پورتلار ئىچىدە ئالاتاۋ يەنىلا چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئەڭ كۆپ پورت، 1 - پەسلىدە چېگرادىن كىرىپ - چىققان نۆۋەتچى پويىز 791 قېتىم بولۇپ، مال توشۇش مىقدارى 538 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، مال قىممىتى تەخمىنەن 3 مىليارد 654 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.19%، 50.06% ۋە 1.92% ئاشتى؛ قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 691 قېتىم بولدى.

1 - پەسلىدە يۇقۇمنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى زور دەرىجىدە ئازلاش، تەدرىجىي قايتا كۆپىيىش، ئومۇمىيۈزلۈك كۆپىيىشتەك ئۈچ جەرياننى باشتىن كەچۈردى. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چېگرادىن كىرىپ - چىققان نۆۋەتچى پويىز 3.8 قېتىمغا، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇزدىن ئون قېتىمغىچە بولۇشقا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئازلىدى. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك قايتا كۆپىيىپ، 3 - ئايدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.9 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى نورمال سەۋىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى 12 تۈرلۈك ئالاقىدار تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئالاقىدار تەدبىرلەر ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پائال نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئالاتاۋدىكى بىر كارخانىنىڭ كەسپىي دىرېكتورى يۈ سۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تاموژنا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كۆزنەك تەسىس قىلىپ، 24 سائەت تاموژنىدىن ئۆتۈشنى يولغا قويۇپ، ساقلاش ۋاقتىنى قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرادىن كىرگەن نۆۋەتچى پويىزلاردىن يۈك تىزىملىكىنى بىرلەشتۈرۈش تەلىپىنى قاندۇرغانلار بىرلەشتۈرۈشنى مەلۇم قىلىش قاتارلىق ئەلالاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى، ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە بىر نۆۋەتچى پويىزنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىلارنىڭ ۋاقتى تېجەپ قېلىندى ۋە خىراجەت تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىدىن ئاساسلىقى چاڭئەن ناملىق پويىز، چېڭدۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا، چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا، جېڭجوۋ - شىنجاڭ - ياۋروپا، ۋۇخەن - شىنجاڭ - ياۋروپا قاتارلىق ئون نەچچە لىنىيە بار.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام سەھىيە - ساغلاملىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو ۋېيجياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز تەكلىپ قىلىش، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلارنىڭ تېببىي خادىملىرى كەنتتە تۇرۇش، خىزمەتتىكى خادىملارنى تەربىيەلەش، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا 1795 كەنتتە كەنت دوختۇرى بولماسلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈگىتىپ، ھەممە كەنتتە لاياقەتلىك كەنت دوختۇرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرى كېسەل كۆرسىتىدىغان جاي بولۇش، دوختۇر بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى مەزگىلدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى كەسپىي ئىشتاتلىق 137 يېزا - كەنت دوختۇرى تەكلىپ قىلىشنى پىلانلاپ، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش بەلگىلىمىسى ۋە خىزمەت ئورنى جەدۋىلىنى ئېلان قىلدى، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى توردا تىزىملىتىشنى تەشكىللەيدۇ. «يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنىدىغان كەنت دوختۇرلىرى شۇ يېزىدىكى يېزا - بازارلىق شىپاخانا بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توختامى ئىمزالايدۇ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىككە كەلگەن مائاش، پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نىشانلىق ئالاھىدە ئۇنۋان ئۆستۈرۈش شەرتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لۇ شاۋخۇي.

كەنت دوختۇرلىرى يېزا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى، قانداق قىلغاندا كەنت دوختۇرلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنى تېخىمۇ يۇقىرىلاتقىلى، ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ، بۇ، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ.

«ئاپتونوم رايونىمىز 2009 - يىلى كەنت داۋالاش ئۆيىگە يۈزلەندۈرۈلگەن يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى نىشانلىق يېتىشتۈرۈشنى باشلاپ، ‹نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، نىشانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش› شەكلى ئارقىلىق كەنت داۋالاش ئۆيى ئۈچۈن ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكى كارغا كېلىدىغان، ماھارەت تىپىدىكى كەنت دوختۇرلىرىنى يېتىشتۈردى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پەن - تېخنىكا، مائارىپ باشقارمىسىدىكى شۇ پېيلەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز كەسپىي ئىشتاتلىق يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى نىشانلىق يېتىشتۈرۈش، يىراق مۇساپىلىك داۋالاشما تېببىي مائارىپ مەركىزى قۇرۇش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كەنت دوختۇرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، بارلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

«لاياقەتلىك كەنت دوختۇرلىرىنى ئېلىپ قېلىش، لاياقەتسىز خادىملارنى چېكىندۈرۈش.» گو ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنىڭ كەسپكارلىق سالاھىيىتى ئىمتىھانى تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى چېكىندۈرۈش مېخانىزمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەۋاتقانلاردىن كەسپكارلىق سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتسىز بولغانلىرىنى تەكلىپ قىلمايدۇ.

گو ۋېيجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت ياردەم پۇلى مەبلىغىنى يېزا - كەنت دوختۇرلىرىغا مايىللاشتۇرۇش، ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك ھەقلىق يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى - كېلىشىملىك مۇلازىمەت ھەققىنى يېزا - كەنت دوختۇرلىرىغا مايىللاشتۇرۇش، ئاساسىي دورا مەخسۇس تۈر ياردەم پۇلى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش مەبلەغ ياردەم پۇلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قولدا گۇۋاھنامىسى بار كەنت دوختۇرلىرىدىن تەكشۈرۈپ باھالاشتا لاياقەتلىك بولغانلىرىغا يېزا - بازارلىق شىپاخانا «بەش خىل سۇغۇرتا»نى تاپشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنىڭ تەمىناتىغا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىدۇ.

# كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى شىنجاڭدىكى دەريا، كۆللەرنىڭ «قىل قان تومۇر»لىرىنى قوغدىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

سۇ رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش بىرنەچچە چوڭ دەريانى ياخشى باشقۇرۇشتەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس.» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ھەمراجان مۇساجان مۇنداق دېدى: «كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى دەريا، كۆللەرنى باشقۇرۇشتىكى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى ‹لىنىيە›دىن ‹دائىرە›گە كېڭەيتتى».

مياۋ چىڭشەن كەنت تەۋەسىدىكى دەريا بۆلىكىگە مەسئۇل بولۇپلا قالماي، پۈتۈن كەنتنىڭ سۇ ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە كەنت دەرىجىلىك دەريا باشلىقىدىن ئىبارەت قوش سالاھىيەت ئۇنى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مياۋ چىڭشەن مۇنداق دېدى: «مەن ئۆستەڭ چارلىغان ۋاقتىمدا مەھەللە ئۆستىڭىنىڭ قىرىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىدە تۆشۈك بارلىقىنى بايقىدىم، ئەسلىدە بەزىلەر يەر ئاستىدىن ئۆستەڭگە تۇرۇبا ئۇلاپ، تۇرمۇش يۇندىلىرىنى ئۆستەڭگە چىقىرىۋەتكەن ئىكەن».

مياۋ چىڭشەن قول سېلىپ مۇھىتنى تۈزەشنى باشلىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن يۇندى چىقارغان كەنت ئاھالىسىگە قايتا - قايتا داۋلى سۆزلىدى، قانۇننى سۆزلىدى، تۈزۈمنى سۆزلىدى، بىر تەرەپتىن كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ يۇندى ئېقىزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەتتى.

«ھازىر مەھەللە ئۆستىڭىدىن ئېتىزلىقلاردىكى غول، تارماق ئېقىنلارغىچە يۇندى ئېقىزلىرى يوق، كىشىلەرمۇ قالايمىقان ئەخلەت تاشلىمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ھەرخىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق دورىسى بوتۇلكىلىرىنى يىغىۋالدۇق، بىر ھەپتىدە كەنتنىڭ سۇ مەنبەسىگە ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە بېرىپ چارلايمىز.» مياۋ چىڭشەن مۇنداق دېدى: «بىر كەنت ‹گۈزەل جۇڭگو›نى نامايان قىلىدىغان بىر كۆزنەك».

2018 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ دەريا، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورناتتى، كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى بۇ تەشكىلىي سىستېمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى. ئاپتونوم رايونلۇق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى لىيۇ خۇڭشياڭ مۇنداق دېدى: «ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 7300دىن ئارتۇق كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقىنى تەسىس قىلدى، ئۇلار باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۇچىدا شىنجاڭدىكى دەريا، كۆللەرنىڭ ‹قىل قان تومۇر›لىرىنى قوغدىماقتا».

«كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى بىزنىڭ ‹كۆز›ىمىز.» 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ساۋەن ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ياڭ شۆباۋ مۇنداق دېدى: «ئۇلار مەسئۇل رايون دائىرىسىدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ، پۈتۈن ناھىيەدە 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق دەريا يولى بار، ئەگەر كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى بىز بىلەن ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىپ تۇرمىسا، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ھەل قىلىش تەس بولاتتى، يېقىندا، بورتۇڭگى يېزىسى قارقىنجاغا كەنتىدە شۇ چاغدىكى كەنت دەرىجىلىك دەريا باشلىقى نۇرتاي بولات دوكلات قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز دەريا بويىدا بىر قېتىملىق قانۇنسىز يول ئېچىش ۋەقەسىنى ۋاقتىدا توسۇپ قالدۇق».

ئالغا سىلجىتىلىۋاتقان گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقى خىزمىتىنى تۇتقىغا ئىگە قىلدى. «پۇقرالارنىڭ قالايمىقان ئەخلەت تۆكۈشكە بولمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۆكىدىغان يېرى بولۇشى كېرەك، شۇڭا بىز بىرتۇتاش ئەخلەت يىغىش نۇقتىسى قۇرۇپ، ئەخلەتلەرنى قەرەللىك ھالدا تازىلاپ تىندۇرۇش مەيدانىغا توشۇدۇق. ھاجەتخانا ئۆزگەرتىشنىڭمۇ تولۇقلىمىسى ۋە مۇناسىپ ئۆلچىمى بار، شۇڭا يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى ئازايتىلدى.» مياۋ چىڭشەن مۇنداق دېدى: «كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى ‹توسۇش› ئەمەس بەلكى باشقۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش. ئۇنۇمگە يېتىشتە، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي قاتلام سىياسەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىرەكلىك تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ».